# قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىنىڭ مەشئىلىنى ياندۇرۇش

## ــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بېيجىڭ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
لى لى، جى يې، ۋاڭ خېڭجى

«ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش ئورنىدا تۇرغاندا، بېيجىڭ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ كوردىنات ئۆزگىچىلىكى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش ۋە ئۆتكۈزۈش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم تارىخىي تۈگۈندىكى مۇھىم، زور بەلگە خاراكتېرلىك پائالىيەت بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، مىللەتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان مۇھىم پۇرسەت».

تارىخىي تۈگۈن، تارىخىي بۇرچ. بۇ، جۇڭگونىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈشى، بېيجىڭ يەنە پۈتۈن يەرشارىدا يازلىق، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزگەن تۇنجى قوش ئولىمپىك شەھىرىگە ئايلىنىدۇ.

بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە يەنە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قالدى. دۆلەت ئىچىگە نەزەر تاشلىساق، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېشىل، ھەممىبەھرە، ئوچۇق، پاك» ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرتۇتاش پىلانلىنىپ ئېلىپ بېرىلدى، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ئەزىمەتلەر پۈتۈن تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا پائال تەييارلىق كۆردى، «300 مىليون كىشىنىڭ قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىگە قاتنىشىشى» ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلام ھالەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە قاراپ ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولدى، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئارزۇسى جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ دەۋر ئېقىنىغا قوشۇلماقتا؛ خەلقئاراغا نەزەر سالساق، دۇنيادا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان پەيتتە، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى پۈتۈن يەر شارىغا ئورتاق بولغان تەنتەربىيە تىلى ۋە تەنتەربىيە روھى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتىدۇ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى ئەڭ باب كېلىدىغان سەھنە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### تارىخىي تۈگۈن تارىخىي بۇرچ

2015 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مالايسىيا كۇئالالۇمپۇر.

خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى بېلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىپ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنىڭ قايسى دۆلەتكە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بېكىتىشتىن ئىلگىرى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جاراڭلىق ۋە كۈچلۈك ئاۋازى سىن ئارقىلىق يىغىن مەيدانىدا ياڭرىدى: «جۇڭگو خەلقى بۇ قېتىملىق پۇرسەتنى ئۈمىد قىلماقتا ۋە كۈتمەكتە. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەگەر ھەرقايسىڭلار بېيجىڭنى تاللىساڭلار، جۇڭگو خەلقى چوقۇم بېيجىڭدا دۇنياغا بىر نۆۋەتلىك ئېسىل، قالتىس، ئاجايىپ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەقدىم قىلىدۇ!»

بۇ، ئەڭ قەتئىي قوللاش، ئەڭ تەنتەنىلىك ۋەدە.

«بېيجىڭ!» خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى باخنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا، يىغىن مەيدانى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى، جۇڭگو قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى! بۇ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگولۇقنىڭ بىرىنچى قېتىم ئولىمپىكنىڭ قار ـ مۇز مۇقەددەس ئوتىنى قۇچاقلىشى.

خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ھاۋالە قىلغان 3 ـ تەرەپ شىركەتنىڭ تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، بېيجىڭنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدە 90%تىن ئارتۇق قوللاش نىسبىتىگە ئېرىشكەن، يەنە كېلىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزىدىغان ئىككى جاي بېيجىڭ بىلەن جاڭجياكۇدا خەلق رايىنىڭ قوللاش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم 92%تىن كۆپرەككە ۋە 99%كە يەتكەن، بۇ، ئىلگىرىكى نۆۋەتلىك قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغان شەھەرلەر ئىچىدە كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق رايىغا ئۇيغۇنلىشىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى پىلانلىدى. ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى دەۋرنىڭ تارىخىي كورىدورىدا قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىنىڭ مەشئىلىنى ياققانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ھەرگىز قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش تەستە قولغا كەلگەن، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور بولۇپ، ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن يۈكسەك ماس كېلىدۇ».

تارىختىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تاسادىپىيلىق. 2022 ـ يىلى دەل بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا قاراپ قەدەم تاشلايدىغان ۋاقىت بولۇپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تېخىمۇ قۇدرەتلىك مىللەت ئىشەنچىسىنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يەنە بىر يېڭى مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولىدۇ ۋە تۈرتكە بولىدۇ.

قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئارزۇسى جۇڭگو ئارزۇسى بىلەن گىرەلەشتى. قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسى قەلبنى ۋە جاسارەتنى مۇجەسسەملەيدىغان قۇدرەتلىك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە. ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، دادىللىق بىلەن ئالدىدا ماڭىدىغان جان تىكىپ ئېلىشىش روھى، دۆلىتىمىزنىڭ ھەيۋىسىنى نامايان قىلىدىغان مىللەت ئىشەنچى، مانا بۇلار دەل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۈچ مەنبەسى.

2014 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، جۇڭگو 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى رەسمىي ئىلتىماس قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭ رۇسىيە زىيارىتىگە پۈتۈنلەي تەكلىپكە بىنائەن رۇسىيەگە بېرىپ سوچى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. سوچىدا، رەئىس شى جىنپىڭ 43 سائەتلىك 12 مەيدان ئىككى، كۆپ تەرەپلىك پائالىيەت جەريانىدا، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ باخقا مۇنداق دېدى: «جۇڭگودا، قار ـ مۇز تەنھەرىكىتى شەنخەيگۇەندىن ئىچكىرى رايونلارغا كېڭەيمەكتە. ئەگەر قار ـ مۇز تۈرى ئىچكىرى رايونلاردا كېڭەيتىلسە، 300 ـ 200 مىليون كىشىنىڭ قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىنىڭ مەشئىلىنى ياندۇرغىلى بولىدۇ.» باخ قاتارلىقلار بۇنىڭدىن ھاياجانلاندى.

بۇ ئېنىقكى، بېيجىڭنىڭ ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا ئاچقۇچلۇق، تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، باخ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۈچ مۇسابىقە رايونىنى تەكشۈرگەندە مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تۆھپىسىگە قانداقلا باھا بەرسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. «300 ـ 200 مىليون كىشىنىڭ قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىگە قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئۆزى دۇنيا قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش بولىدۇ».

«تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئاساسى ئاممىۋى تەنتەربىيەدە.» ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقى بولمىسا، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيە بولمايدۇ. 2017 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، رەئىس شى جىنپىڭ باخ بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق بىلدۈردى: بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى پۇرسەت بىلىپ، ماھارەت تەنتەربىيەسىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىش بىلەن بىللە، ئاممىۋى تەنتەربىيەنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، بۇ ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: تەنتەربىيە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا باسقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە جەمئىيەت مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ، كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە مۇنداق تەكىتلىدى: قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تۇتقا، جەزمەن بىرتۇتاش پىلانلاپ، بىرتۇتاش يولغا قويۇپ، بېيجىڭ بىلەن خېبېينىڭ تەڭ قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

2015 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا، يېشىل ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، ھەممىبەھرە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، ئوچۇق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، پاك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي پرىنسىپ بېكىتىپ بېرىپ، ئومۇمىي يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

خەلققە پايدىلىقلا ئىش بولسا، ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ جەزمەن بېجىرىش كېرەك؛ پۇقرالارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىش بولسا، ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ جەزمەن تۈگىتىش كېرەك. قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىنى كۆزلىگەنلىك. مەيلى ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، مۇھىتنى تۈزەش ۋە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتە بولسۇن، ياكى نەتىجىلەردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، كەڭ خەلق ئاممىسىنى نەپكە ئېرىشتۈرۈشتە بولسۇن؛ مەيلى دۇنياغا يۈزلىنىش، سىرتقا ئېچىۋېتىشتە بولسۇن، ياكى ئىقتىسادچىل ـ تېجەشلىك بولۇش، چىرىكلىكنى تۈگىتىشتە بولسۇن، ھەممىسىدە خەلقنى مەركەز قىلىش نامايان قىلىندى.

رەئىس شى جىنپىڭ يەنە نۇرغۇن دىپلوماتىيە سورۇنلىرىدا جۇڭگونىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئارقىلىق دۇنيا بىلەن ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق گۈللىنىش مەيدانىنى ئىپادىلىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگونىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئىدىيەسى بىزنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش، يېشىل مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش تىرىشچانلىقىمىز بىلەن تومۇرداش. تەنتەربىيە ئالاقىسى كۆۋرۈكى جۇڭگونىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانماقتا.

2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، رەئىس شى جىنپىڭ لوزاننا خەلقئارا ئولىمپىك مۇزېيىدا باخ بىلەن كۆرۈشتى. باخ بۇ ئىشتىن كېيىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەنتەربىيەنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئوينىغان مۇھىم رولىغا بولغان سەزگۈرلۈكى ۋە چوڭقۇر تونۇشى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. «رەئىس شى جىنپىڭ بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن رەھبەر. ئۇنىڭ نىشانى بولۇپلا قالماي، يەنە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ، يولىنى ئايدىڭلاشتۇردى. نىشان تەنتەربىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

2015 ـ يىلى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەييارلىقىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستىن چىقارمىدى. 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، 19 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، ئۇدا ئىككى كۈن بېيجىڭ، يەنچىڭ ۋە جاڭجياكۇدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مۇسابىقە رايونىنى تەكشۈردى ھەم 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. باش شۇجى مۇنداق تەكىتلىدى: بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك چوڭ ئىشى، بىزنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىمىز، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشتىكى بۇرچ شەرەپلىك، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور.

«گېپىمىز گەپ بولۇشى، ئىشىمىز نەتىجىلىك بولۇشى كېرەك.» گەرچە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خىرىسىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، جۇڭگو يەنىلا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش ۋەدىسىگە قەتئىي، سەممىي ئەمەل قىلدى.

يەنچىڭدىكى دۆلەتلىك ئېگىز تاغدا قار تېيىلىش مەركىزىدە، باش شۇجىنىڭ كۆپچىلىك بىلەن ھەمتۈرتكە بولغاندا قىلغان «غەيرەت قىلايلى» دېگەن جاراڭلىق سۆزى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلارنى ھەسسىلەپ روھلاندۇردى، شۇنداقلا دۇنياغا جۇڭگونىڭ ۋەدىسىگە بولغان قەتئىي ئىرادىسىنى يەتكۈزدى.

### ئارزۇغا ئىنتىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

بۇ يىل باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى 4 ـ قېتىم نەق مەيداندا تەكشۈردى.

پايتەخت تەنتەربىيە سارىيىدا، جۇڭگو فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش كوماندىسىنىڭ باش تىرېنېرى جاۋ خۇڭبو باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن 4 ـ قېتىم كۆرۈشتى.

ئۇنىڭ 1 ـ قېتىم باش شۇجىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشى سوچى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەزگىلىدە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم تىرېنېرلىق سالاھىيىتى بىلەن كوماندا باشلاپ خەلقئارالىق چوڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشى ئىدى. دەل شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، باش شۇجى جۇڭگو ۋەكىللىرى ئۆمىكىگە بېيجىڭنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىدىغانلىقى خەۋىرىنى ئېيتىپ، جاۋ خۇڭبونى قاتتىق روھلاندۇرغانىدى.

باش شۇجىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىنى يەنە بىر قېتىم يېقىن ئارىلىقتىن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ئۇنىڭ يۇقۇم خىرىسى ئالدىدىكى ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى: «باش شۇجىنىڭ بىزنىڭ مەشىق ۋە تۇرمۇشىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈشى بىزنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئەڭ ئاخىرقى كۈچەش يولىمىزدىكى ئەڭ ياخشى ئىلھام ۋە مەدەت».

«تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم نىشانى»، «دۆلىتىمىز قار ـ مۇز تەنھەرىكىتىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بۇ يەنە كەڭ قار ـ مۇز تەنھەرىكەتچىلىرىگە تېپىلغۇسىز كىشىلىك ھايات پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.» باش شۇجىنىڭ سۆزلىرى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئەزىمەتلىرىنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇردى. ئۇلار بەس ـ بەستە «يەڭگىنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ»، جۇڭگو قار ـ مۇز تەنھەرىكەتچىلىرىگە تەۋە بولغان مۆجىزە يارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

باش شۇجىنىڭ «مۇسابىقىنى قالتىس ئۆتكۈزۈش، مۇسابىقىدە يەنە ياخشى نەتىجە قازىنىش» تەلىپى بويىچە، تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكىلەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، قار ـ مۇز تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئومۇمىي تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يۇقۇم خەلقئارا مۇسابىقىلەرنىڭ كەڭ دائىرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مەشىق، مۇسابىقە رىتىمى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، لېكىن جۇڭگو قار ـ مۇز تەنھەرىكەتچىلىرى قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشقا ئامال بولمىغاندا، كوماندا ئىچىدە تەقلىدىي مۇسابىقە تەشكىللىدى.

«جاپالىق مەشىق قىلىپ، ھالقىلىق چاغدا كارامىتىنى كۆرسىتىش كېرەك. مۇشۇ چاغدا ئېلىشمىساق، قاچانغىچە ساقلايمىز!» باش شۇجىنىڭ بۇ سۆزى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئەزىمەتلىرىنىڭ قەلبىدە ئىزچىل ياڭرىدى، بۇ يەنە ئۇلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈشىدىكى ئەڭ چوڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولدى.

ئىشىك ئالدىدىكى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى جۇڭگو قار ـ مۇز تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەت ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارزۇغا ئىنتىلىشتىكى ئەڭ ياخشى سەھنە بىلەن تەمىنلىدى. ئىلگىرى باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن پېچاڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكۈچى ۋۇ داجىڭ 27 ياشقا كىرەي دەپ قالدى. «پېشقەدەم» كوماندا ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەيدانىدا ئۆزىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ شان ـ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ ھەم بۇنىڭغا ئىشەنچىسى كامىل: «باش شۇجى ماڭا بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندە سىز ئاران 28 ياشقا كىرىدىكەنسىز، ئەمەلىيەتتە تېخى چوڭ ئەمەس، ياش تەنھەرىكەتچى ھېسابلىنىدىكەنسىز، دېگەنىدى».

نۆۋەتتە، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىشى «ئاخىرقى كۈچەش» باسقۇچىغا كىرمەكتە، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 109 كىچىك تۈرىنى قاپلىغان دۆلەت يىغىپ مەشقلەندۈرۈش كوماندىسىنىڭ ھەممىسى قۇرۇلدى، مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان ماھىرلار 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 1100دىن ئارتۇق كىشىدىن 500دىن ئارتۇق كىشىگە ئىخچاملاندى، داۋاملىق تاللاش ئارقىلىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەم ئەڭ ئاخىردا قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ياخشى نەتىجىلەرنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغان سەرخىل ماھىرلار تاللاپ چىقىلىدۇ. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئېيتقاندەك: «دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن قار ـ مۇز تەنھەرىكەت تۈرى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، بەزى تۈرلەر دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە يېتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىندى».

بەزىلەر ئارزۇغا ئىنتىلمەكتە، بەزىلەر ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرماقتا.

يۇقۇم ئالدىدا، ئۈچ مۇسابىقە رايونىدىكى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈشتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈشنى ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇلدى، خىزمەتلەر توختاپ قالمىدى، سالمىقى ئازايتىلمىدى.

باش شۇجى تەرىپىدىن «مۇھىمنىڭ مۇھىمى» دەپ قارالغان مەيدان ـ سارايى قۇرۇلۇشىدا ئەڭ بۇرۇن ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، بارلىق 12 مۇسابىقە مەيدان ـ سارىيى پۈتتى. «بىڭسىدەي» «شۆرۈيى» «شۆيجىڭشىيې»... جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي تۇيغۇسىغا تولغان بۇ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەيدان ـ سارايلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى تۇنجى قېتىم نامايان بولدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مەيدان ـ سارايلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن جۇڭگو ئامىلى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، بىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىمىزنى نامايان قىلدى. بىز بىر نۆۋەتلىك قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت كاتتا مۇسابىقىسىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپلا قالماي، يەنە ئۆزگىچە ئۆتكۈزۈشىمىز، قالتىس ئۆتكۈزۈشىمىز، تەڭداشسىز ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ھەممىسىدە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ماتېرىيال ئېلىنغان. بۈلتۈر ئېلان قىلىنغان يادرولۇق شەكىل لايىھەسىنىڭ ئىلھامى «يول تۇتۇشتا تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش» ئىدىيەسىدىن كەلگەن، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ «كىچىك قىزىل ئادەم» دەپ ئاتالغان تەنتەربىيە بەلگىسى بولسا تامغا ئويۇش سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان «خەن سۇلالىسى تامغىسى»دىن كەلگەن. ھەر ئىككىلىسى ھەرىكەت ھالىتىدە بولۇپ، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تۇنجى ئىجادىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مۇقەررەر ھالدا پارلاق جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى بېسىلىدۇ.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)